# مەخپىيەتلىك كېلىشىمى

قارلۇق تورىمىزنى زىيارەت قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت. بۇ مەخپىيەتلىك كېلىشىمى سىزنىڭ بىزگە تەمىنلەيدىغان ئۇچۇرلىرىڭىزنىڭ مەزمۇنىغا ۋە بۇ ئۇچۇرلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىمىزگە ئېنىقلىما بېرىدۇ.

ئادەتتە ئىسمىڭىز ياكى باشقا تەپسىلى ئۇچۇرلىرىڭىزنى تەمىنلىمەي تورۇپمۇ بېكىتىمىزنى زىيارەت قىلالايسىز. ئەمما تىزىملىتىش، سۆز قالدۇرۇش، خىزمەت ئىلتىماسى ۋە ئىلخەت ئالاقىسى قاتارلىقلاردا بىز سىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى تەمىنلىشىڭىزگە ئېھتىياجلىق بولىمىز.

بۇ مەخپىيەتلىك كېلىشىمى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- بىز ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلار
- شەخسى ئۇچۇرلار
- غەيرى شەخسى ئۇچۇرلار
- مەخپىيەتلىك دائىرىسى ۋە ئەسكەرتمىسى
- تاللام ۋە ئىزاھ

1. بىز ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىچە:

a. شەخسى ئۇچۇرلار

- قارلۇقنىڭ خادىم، ئوقۇغۇچى قوبۇللاش بەتلىرى، مەھسۇلات سېتىۋېلىش، مۇلازىمەت تەمىنلەش، سۆز قالدۇرۇش، خىزمەت ئىلتىماسى، ھەمكارلىق ۋە باشقا ئالاقىلەردە سىز بەلكىم ئىسىم-فامىلىڭىز، تەپسىلى ئادرېس، پوچتا نومۇر، كىملىك، تېلېفون، ئىلخەت ئادرېس قاتارلىق شەخسى ئۇچۇرلىرىڭىزنى تەمىنلىشىڭىز مۇمكىن. بۇلار بىز سىزنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلار

بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەخسى ئۇچۇرلاردۇر.

- خادىم ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇللاش جەريانىدا بىزنىڭ سىزنىڭ تېخىمۇ تەپسىلى ئۇچۇرلىرىڭىزغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، بۇ سىزنىڭ قىزىقىشىڭىز، ئائىلە ئەھۋالىڭىز، ئوقۇش تارىخىڭىز، خىزمەت نەتىجىڭىز، يىللىق كىرىمىڭىز ۋە كەسپى تەجرىبىلىرىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

- قارلۇق بەلكىم 3-تەرەپ بېكەتلەردە، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئۇلانمىلارنى قويۇشى مۇمكىن. ئەمما قارلۇق ئۆزىنىڭ شىركەت تەۋەسىدىكى تور بېكەت، ئىلخەت، تېلېفون، پوچتا يوللانمىسىدىن باشقا ھەرقانداق ۋاستىلەردە يۇقارقى ئۇچۇرلارنى تەمىنلەشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

b. غەيرى شەخسى ئۇچۇرلار

- IP ئادرېسى - كومپيۇتېرنىڭ توردىكى كىملىك نومۇرى بولۇپ، زىيارەت جەريانىدا ناۋادا يېزىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارسىڭىز بېكىتىمىز بۇ نومۇرىڭىزنى ئاپتوماتىك ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن.

- بېكىتىمىز ئادەتتىكى زىيارەت جەريانىڭىزدىكى مەشغۇلات سىستېمىسى، بىروۋسېر ئۇچۇرى، ئېكران ئېنىقلىغى، تىل ۋە پروگراما ئىجرا رامكىلىرى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئاپتوماتىك ساقلىۋېلىشى مۇمكىن.

2. مەخپىيەتلىك دائىرىسى ۋە ئەسكەرتمىسى

- شەخسى ئۇچۇرلار قارلۇق شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت سۇپىسى دائىرىسىدە مەخپى ساقلىنىدىغان بولۇپ، سىزگە مۇلازىمەت تەمىنلەش جەريانىدا ۋە زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا قارلۇقنىڭ بىۋاستە ھەمكارلاشقۇچىلىرى، قانۇنلۇق ۋاكالەتچىلىرىگە مەلۇم ئۇچۇرلارنى تەمىنلىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ھەمكارلاشقۇچىلىرىمىز ياكى ۋاكالەتچىلىرىمىزگە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش توغرىسىدىكى ئۆلچەملىرىمىزنى ئېنىق ئەسكەرتىمىز.

- غەيرى شەخسى ئۇچۇرلار تېخنىكىلىق ۋە قوللىنىش جەھەتلەردە بېكىتىمىزنى ياخشىلىشىمىزغا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

3. تاللام ۋە ئىزاھ

- ئەگەر بىزنىڭ قاراتمىلىق مۇلازىمىتىمىزگە ئېھتىياجلىق بولمىسىڭىز ھېچقانداق شەخسى ئۇچۇرلىرىڭىزنى تەمىنلىمەي تۇرۇپمۇ بېكىتىمىزنى زىيارەت قىلسىڭىز بولىدۇ.

- بىزگە تەمىنلىگەن شەخسى ئۇچۇرلىرىڭىزنى 3-تەرەپكىمۇ ئوخشاش ۋە ئاشكارا تەمىنلىگەن بولسىڭىز، بېكىتىمىز مەزكۇر ئەسكەرتمە كىلىشىمدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

- بىزگە ئىلگىرى تەمىنلىگەن شەخسى ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز apps@qarluq·com گە يوللاپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

- مەزكۇر بىخەتەرلىك كېلىشىمگە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ-پىكىر، مەسلىھەت ۋە تەسىراتىڭىزنى apps@qarluq·com گە يوللاپ بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشىڭىزنى سورايمىز.

- مەزكۇر كىلىشىمنىڭ ئاخىرقى يېڭىلانغان ۋاقتى: 2014-يىلى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى

(تامام)

قارلۇق مېدىيا پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتى